1913:3

2

# صحرای کبیردا ازیقّان ایکی بر توغقان‌نینک حکایه‌سی

کاشغر شهریده باسیلدی

# صحرای کبیردا ازیقّان ایکی بر توغقان‌نینک حکایه‌سی

اوتکان زماندا تاغ خلقیدین طاهر و عبدقادر دیکان ایکی بر توغقان بار ایردی. بر کونی اولارنینک یراق بر شهرده توراددور غان توقّانلاریدین نهایت بای بر کشی آخر عمریده اولارغه تولا مال وصّیت قیلیب قویوب وفات بولغان خبری کلدی. اولار بو خبرنی انکلاب درحال تیچرلارینی مینیب یولغه چقتیلار. بیابان نینک چتیداکی بر کنتکا کلکانده اوزلاری یول بیلماکان اوچون یولنی یخشی بیلادورغان بر کراکش بیلان بلّیه بارماقچی بولدیلار لیکن کاروان یورکالی تخی ایکی ای بولغان اوچون چاره تاپالمای باش لاری قاتیب توروب ایردی. اخشامدا سرایدا قونغان بدوی عربلار نینک بری بیلان کوروشوب قالیب سفری‌نینک سببینی عربکا بیان قیلدیلار. اول ایتّی سیزلارنی من باشلاب بارورمن. یول‌نینک اوی چوقورینی و یخشی قدوقلارینی بیلورمن. ایکی توکه‌م بار اوزوق سالادورغان و سو الادورغان تولوملاریم هم بار. من بیلان بارسانکلار هیچ قینالمای تماشاه برله کتارمیز. اولار بو سوزنی انکلاغاندا تولا خوش بولوب معقول دیدیلار. امّا اول بدوی بیابان‌نینک بولک طرفیدین کلکان بولوب کبی‌نینک اعتباری یوق یالغانچی بر ادم ایردی و یولنی بیلماس ایردی. بو ساده‌دل بیچاره‌لار انکا ایشانیب کراسینی سوزلاشیب بهاباشی بریب ایرته‌سی تیچرلارینی ساتیب اوزوق تالقان الیب مزکور بدوی بیلان یولغه چقیب کتّیلار. اول کونی هر جهتدین خاطر جمع و کونللاری خوش ایردی. بدوی

ئەۋلاد گۇرۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قولىيازمىلار ئامبىرى

اخشامليققه ياخشى سو بار يركا يتاميز ديكان اوچون تولوملاردا
كى سودين جيق جيق ايچتيلار. تولوملارنى قورروغلاب بولغاندا
كچ بيلان سويى اچّيق بر قدوققه يتّيلار. ناعلاج شور سودين
ايچيب تخى آشوغراق اوسّاب كتّيلار. ايرتهسى قوپقاندا بدوى
مردانه بولونكلار اخشامليققه ينه بر قودوققه يتاميز ديدى. بولار
شور سودين تولوملاريغه اليب كچغچه يول مانكديلار. قودوققه
يقين اچكو باقيب يوركان بر پارهچيغه اوچراديلار. انينكدين
قدوق قانداغ ديب سوراغاندا پارهچى ايتّى آكاه بولونكلار بو
قدوقدا بعضيده سو بار بعضيده سو يوق دور. من حاضر شونديدين
كلديم اندا سو تاپماديم. بولار ناچار اول كچهنى اوسّوزلوق
بيلان ياتيب اوتكازديلار. اكر تولوملاريدا آزغنه سو قالماغان
بولسه اوسّوزلوقدين هلاك بولور ايردى اولار بدوى بيلان بر دم
تووالاشقاندين كين الديميزدا ينه قدوق بار مو ديب سورديلار.
بدوى الديميزداكى قدوقنينك سويى تولا ياخشى هم سوغاق ديب
اولارغه يالغان اينتسه هم كونكليكا شك توشكان اوچون اوز ايچيده
قورققالى توردى چونكه بو وقتغچه چونك يولدا كتيب باراميز ديب
خيال قيلور ايردى. اخشام بولغاندا يراقدين بر قدوقنينك نشا
نهسينى كوروب هممهسى خوش بولديلار. نهايت اوسّاغان اوچون
اول سودين ايچالى ديب الديراب كليب باقسهلار سويى يوق
اغزينى بركتيب قويغان كهنه بر قدوق ايكان. بولارنينك هوش
كلّهلاريدين كتيب بدويكا سن نمهايشقه بيزنى الداب مونداغ
قين اولومكا باشلاب كلدينك ديب دشنام بريب اورروشتيلار. اول
شوك توردى. شونييك بيلان ياتيب اوخلاب قالديلار چونكه اولار
زياره هارغان و اوسّوزلوقدين اولومكا يقينلاشقان ايرديلار. امّا بدوى

کیچه‌ده قوپوب توکه‌لارینی الیب قاچیب کتّی . بو بیچاره‌لار مونینک
دین خبری یوق اویغانیب باقسه‌لار اوزلاری یالغوز قالیب دور.
حیران و سراسیمه بولوب هر قانداغ بولسه امیدلارینی اوزمای بر کمرسه
اوچرار دیب خیال قیلیب الدیغه یوردیلار. دوبه قوملارنینک اراسیدا
ایکی ساعتچه مانکغاندین کین یولدین آزدیلار. کتیب باریب بر
دوبه قوم‌نینک اوستیکا چیقّاندا عبدقادر اونلوک آواز بیلا ن خداغه
شکر ایتّی چونکه انکا دوبه‌لارنینک اراسیداکی توز یرده کولده‌کی
سودیک پارقیراغان بر نرسه و انینک اطرافیدا درختلار تورغاندیک
کورونکان ایردی . امّا اول کورونکان سو بولمای توز بیابانلارده ایسّیق
هوادا سودیک کوروناورغان سراب دیکان نرسه ایردی . اولار تاغلیق
بولغان اوچون مونی بیلمای خوشلوق بیلان درحال دوبه‌دین توشوب
سو ایچکالی اول طرفکا باردیلار. یقین بارغانچه سوکوزدین غایب
بولدی. بیلدیلارکی سودیک کورونکان قوم و درختلاردیک کورونکان اق
تیکان ایکان . مونی کوروب عبدقادر ایتّی ای برادر منینک مصلحتیمنی
انکلاسانک آرقه‌میزغه یانالی شایدکه اولماسدین ایلکری سوغه
یتکایمیز. طاهر ایتّی اکر یانساق هلاک بولورمیز دیب قورقامن
منینک کونکلوم ایلکریراک بارغالی کواهلیق برادور. آرقه‌میزداکی
قدوقلار قوروق ایردی حلی هم شونداغ دور. امّا عبدقادر یوق من
ایلکری بارمایمن دیب اونامای آرقه‌سیغه یانیب کتّی طاهر الدیغه
قایلاب کوچی یتیشیچه یوردی . آفتاب‌نینک تابوشیدین اولکالی
یقین بولغان حالتده یراقدین بر بلامان‌نینک آوازی انکلاندی.
لیکن طاهر چونپوتمای اوز اوزیکا بو هم یالغان بر اوند دور بلکه
اولوم‌نینک خبری دور هر قانداغ بولسه بارای دیب یقینراق بارغاندا
اول یالغان بر اوند بولمای قوی باقاورغان پاره‌چی‌نینک بلامانی

ئەۋلاد گۇرۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قولىيازمىلار ئامبىرى

ایکانینی کوردی . طاهر البتّه آدم و قوی بار یرده سو هم بار دیب
خوش بولوب یراققه مانکالماغان اوچون اونلوك آواز بیلان پاره
چینی قیچقیردی . پاره‌چی درحال انینك الدیغه یوکوروب کلیب
سلام قیلدی . تینج امانلیق سوراشقاندین کین طاهر ایتّی ای
اوغلوم من اوسّوزلوقدین اولادورمن بر علاج قیلغیل پاره‌چی ایتّی
ای اکا موندین نریراقدا یول بار سو هم یقین دور . طاهر اول بلا
غه آسیلیب مشرق طرفکا بر آز مانکغاندا چونك بر یولغه چیقتی
اول یول بیلان بر دم مانکغاندین کین بر آزغانلیققه یتیب اندا چونك
بر قورام تاش نینك استیدین چیقاداورغان آبحیات ینکلیغ مصفّا بر
بولاق کوردی . طاهر خدای تعالیٰغه حمد و شکر ایتیب اول سودین
ایچیب بدنینی هم یودی . بر دمدین کین سرکوب اونکلانیب کو
یاکه ینکیدین جان کرکاندیك بولدی . ایمدی طاهر برادرینی یاد
یغه کلتوروب پاره‌چی بلاغه من بیلان همراه بولوب بارغیل دیب
یالباردی . پاره‌چی معقول دیب قویلارینی اوکاسیغه تاپشوروب
ایکولان عبدقادرنی ایستاب الدیراب یوروب حلیقی تاش بیلان
برکتیلکان قدوققه یتکانده عبدقادرنینك اوزالیب یاتقانینی کوروب
اوخلاب قالیب دور دیب خیال قیلدیلار . لیکن اول اوسّوزلوق و
ایسّیقدین اولکان ایردی . طاهر بر توغقانی نینك اولکانیکا غمکین
بولوب حسرت بیلان یانیب باریب باراداورغان سفرینی تمام قیلیب
میراثنی الدی .

## معنیسی

ای برادر سنینك هم بهشتده ساقلانغان میراثینك باردور . سنکا
انینك خبری یتکان دور لیکن سن عبدقادر بیلان طاهردیك انی

ایسناب چقیب بو دنیانینک چولیده ازیقیب سن. اولار یول باش لایدورغان بر کشی ایستا کاندیک سنکا هم بهشت‌نینک یولینی کورساتا دورغان بر پیشوا ضرور دور. امّا تولا کشیلار بو یولنی من بیلورمن و من باشلاب بارورمن دیب هارغان و ایزیلکان یولا وچیلارنی شور سوغه یاکه قوروق قدوققه باشلاب بارادور. ایکی بر توغقان چولده اوسّاب کتکاندیک سن هم بعضی واقتلاردا نجاتنی تاپقالی یعنی آخرت‌نینک عزابلاریدین قوتولوب جنّتکا بارغالی آچ و تشنه بولورسن. سنینک بو اوسّوزلوقونکنی قاندورماق اوچون پیشوالار دین‌نینک قوروقلاریغه الیب باریب سنکا سو برورلار. لیکن شور سونی ایچکانده اوسّوزلوقنی زیاده قیلغاندیک اضطرابینک زیاده بولادور. خدانی راضی قیلماق و نجاتنی تاپماق اوچون اولار سنکا غسل طهارت نماز روزه و حج زکواتغه اوخشه عمللارنی بیورادور. غسل طهارت بدننی ظاهری نجاستلاردین پاك قیلسه هم باطنینکنی یعنی کونکلونکنی پاك قیلالمایدور. قولونکدین کلکان ثواب ایشلارنی قیلورسن. لیکن بیلماس‌سن که خدا اول عمللارینکنی قبول قیلدی مو یاکه یاندوروب یوزونکا اوردی مو. بو نامعلوم دور. بو تالاشلار بیلان خداغه یقین کلمارینک بلکه یراق کتدینک. حج و زکوات بیلان شهرتینک چقتی حاجی و سخی اسمینی کوتاردینک. مونینک بیلان اجرینکنی الدینک. لیکن روحانی اوسّوزلوقونک قانمادی و هم قانماس‌سن. مونی تَعَصُّب و طرفدارچیلیقنی بر طرفده قویوب حقّا نیت بیلان نظر قیلسانك و کونکلونك‌نینک احوالینی سیناب باقسانك پات بیلورسن. سن هم عبدقادردیك شور قدوقلارغه یانارسن مو. زنهار ای برادر عمرونك پات اوتادور. اوزونك بهشتدین یراق توروب سن. تریکلیك‌نینک سویی حضرت عیسی دور. شول بولاق سندین

يراق ايماس چونكه خدا سنى سفرينكده مسيح نينك امتلاريكا
اوچراشتوردى . بيزلار كوزكا ايلمايدورغان پارەچى بلالارديك عاجز
دورميز اكرچه سنكا بو دنيادا اكى نرسەلارنى برماك بيزنينك قوليميز
دا بولماسه هم تريكليك نينك بولاقينى سنكا كورساتالورميز . بيز انينك
دين ايچيب دورميز . اى حقيقتنى ايستاكانلار . بيزلار بيلان كليب
آبحياتدين ايچيب ابدى حياتليقنى تاپينكلار . خدانينك كتابيدا
پتولوب دوركى مسيح قوروق يرده دريالارديك و چولده چونك قورام
نينك سايەسيديك دور . عيسى مسيح اوزى ايتيب دور اوسّاغان كشى
منكا كليب ايچسون . بيز انينكدين ايچيب قاندوق و انينك سايه
سيدا راحت تاپتوق . و بيز بهشتكا يتكونچه عمريميزنينك باريدا
بو آبحيات بيلان سايه بيزكا يتادور . مونكا كواه دورميز . بو كونغچه
اميد قيلغان بولاقلاردين يوز اويروب خدانينك عطاسى خداوند
يميز عيسى مسيحدا ابدى حياتليق دور خدا سنكا كورساتكان
بولاق طرفيكا يانغيل .

آمين

S.M.S. KASCHGAR

1913

Translated From English

ئەۋلاد گورۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قولىيازمىلار ئامبىرى